
# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

# پەرمانى

## 212 - نومۇرلۇق

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەر كۆكەرتىش نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» 2019 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 73 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى، ھازىر بۇنى ئېلان قىلدىم، 2020 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنسۇن.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى 

2019 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «شەھەر كۆكەرتىش نىزامى» نى يولغا قويۇش چارىسى

**1 ـ ماددا** بۇ چارە شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئولتۇراقلىشىشقا ماس كېلىدىغان شەھەر قۇرۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، گوۋۇيۈەنىنىڭ «شەھەر كۆكەرتىش نىزامى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر پىلانلانغان رايون تەۋەسىدىكى شەھەر يېشىللىق يېرى، كۆكەرتىش ئەسلىھەلىرىنى قوغداش ھەمدە دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى ئۆستۈرۈش، ئاسراش قاتارلىق شەھەر كۆكەرتىشتىكى پىلانلاش، قۇرۇش، ئۇلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلىنىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان شەھەر يېشىللىق يېرى باغچە يېشىللىقى، مۇھاپىزەت يېشىللىقى، مەيدان يېرى، قوشۇمچە يېشىللىقى، رايون يېشىللىقى ۋە كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان باشقا يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**3 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، شەھەر كۆكەرتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆكەرتىش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك.

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كۆكەرتىش كومىتېتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر كۆكەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوبلاستلىق،

شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك)، ناھىيەلىك (شەھەرلىك) تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر كۆكەرتىش خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان تارمىقى (تۆۋەندە بىردەك شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دەپ ئېلىندى) شۇ مەمۇرىي رايون ئىچىدىكى شەھەر پىلانلانغان رايون كۆكەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

شەھەر پىلانلانغان رايون ئىچىدە، قانۇن - نىزاملاردا ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى باشقۇرۇش بەلگىلەنگەن كۆكەرتىش خىزمىتى قانۇن - نىزام بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**5 - ماددا** شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەبىئىي بايلىق، شەھەر پىلانلاش ۋە شەھەر كۆكەرتىش قاتارلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلارنى شۇ باسقۇچتىكى شەھەر كۆكەرتىش يېرىك پىلانىنى بىرلىكتە تۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئۇنى زېمىن بوشلۇقى يېرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، شەھەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىلىشى، شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەشكىللەپ يولغا قويۇشى ھەمدە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

تەستىقلانغان شەھەر كۆكەرتىش يېرىك پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش شەرت، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىشىگە يول قويۇلمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى تەستىقلىتىش تەرتىپى بويىچە تەستىقلىتىش كېرەك.

**6 - ماددا** شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر كۆكەرتىش يېرىك پىلانى قۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچى بويىچە، شەھەرنىڭ خاراكتېرى، كۆلىمى، تەبىئىي شارائىتى، ئاساسىي ئەھۋالى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، شۇ شەھەرنىڭ كۆكەرتىش يېرىك پىلانى قۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچى، يولغا قويۇش يېرىك پىلانى، تەرەققىيات سۈرئىتىنى بېكىتىپ، يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن مۇددەت ئىچىدە بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچكە يېتىشى كېرەك.

شەھەرنى كۆكەرتىش يېرىك پىلانى قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش، گوۋۇيۈەن تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە

ئالدۇرۇش كېرەك.

**7 ـ ماددا** شەھەرلەردە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە، كۆكەرتىش يېرى شەھەرنى كۆكەرتىش يېرىك پىلانى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، تۈرلۈك كۆكەرتىلىدىغان يەرلەرنىڭ يەككە تۈر كۆرسەتكۈچى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** شەھەرلەردە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن دۆلەت بەلگىلىگەن كۆرسەتكۈچ بويىچە قۇرالمايدىغانلىرى شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەلگىلىگەن رايوندا مۇناسىپ كۆلەمدىكى كۆكەرتىشنى تولۇقلاپ تىكىشنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

تەۋەسىدىكى يېشىللىق يەرنىڭ نىسبىتى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولۇپ، كۆكەرتىشكە بولىدىغان بوش يەر بولسا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن شەھەرنى كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەلىپى بويىچە كۆكەرتىشى كېرەك، ئۇزاق مۇددەت بوش تاشلاپ قويۇشقا، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**9 ـ ماددا** شەھەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەشنى مۇناسىپ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بولغان لايىھەلەش ئورنىغا ھاۋالە قىلىش كېرەك.

**10 ـ ماددا** شەھەردىكى باغچە يېشىللىق، مۇھاپىزەت يېشىللىق، مەيدان يېرى، رايون يېشىللىق، يول ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىگە ئىشلىتىدىغان يەرگە تەۋە قوشۇمچە يېشىللىق، ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە ئىشلىتىدىغان يەرگە تەۋە قوشۇمچە يېشىللىق يەرنى كۆكەرتىشنى شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەشكىللەيدۇ؛ ئورۇنلارغا تەۋە يېشىللىق ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى مۇھاپىزەت يېشىللىقنى قۇرۇشقا شۇ ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ، شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە ھەمدە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

**11 ـ ماددا** شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېھتىياجغا قاراپ، شەھەرنى ئاسراش قۇرۇلۇشى خىراجىتى، شەھەر يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق بېرىش سوممىسى، شەھەر ئۇل ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش خىراجىتى قاتارلىق

خىراجەتلەردىن مەلۇم نىسبەتتە مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەر باغچە يېشىللىقى، مۇھاپىزەت يېشىللىقى، مەيدان يېرى، رايون يېشىللىقى، يول ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرى يېرىغا تەۋە قوشۇمچە يېشىللىقى، ئاممىۋى ئەسلىھە يېرىگە تەۋە قوشۇمچە يېشىللىقى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** شەھەرلەردە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە كۆكەرتىشكە تۇغرا كېلىدىغانلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغى يانداش كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ھەمدە تۈر مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي خامچوتىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن كۆكەرتىش يېرىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتلىق ئەسلىھەلەرنى ۋاقتىدا چۇۋۇپ تاشلاپ، مەيداننى تازىلىشى، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى كۆكەرتىش پەسلىدە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** شەھەر كۆكەرتىشنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ:

1) شەھەر باغچىسىنىڭ يېشىللىقى، مۇھاپىزەت يېشىللىقى، مەيدان يېرى، رايون يېشىللىقى، يول ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرى يېرىگە تەۋە قوشۇمچە يېشىللىقى، ئاممىۋى ئەسلىھە يېرىگە تەۋە قوشۇمچە يېشىللىقىغا شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەسئۇل بولىدۇ؛

2) كوچىلاردىكى ئىشىك ئالدىدا ئۈچتە ھۆددە ئېلىنغان كۆكەرتىش يېرىگە، كوچىغا يېقىن بولغان ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەر مەسئۇل بولىدۇ؛

3) كۆچەتخانا، چىملىق يېتىشتۈرۈش، گۈل كۆچەتخانىسى، مېۋىلىك باغ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كۆكەرتىش يېرىگە شۇ تىجارەت ئورنى مەسئۇل بولىدۇ؛

4) ئورۇنلارغا تەۋە يېشىللىق ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى مۇھاپىزەت يېشىللىقىغا شۇ ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ؛

5) ئولتۇراق رايوننى كۆكەرتىشكە ئولتۇراق رايوندىكى مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتى ئورۇن ياكى كوچا ئىش باشقارمىسى مەسئۇل بولىدۇ؛

6) ئاھالىلەرنىڭ شەخسىي ئۆيلىرىنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرى ياكى ئۆيلۈك يەرلىرىنى كۆكەرتىشكە ئاھالىلەر مەسئۇل بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ شەھەر كۆكەرتىش يېرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

قۇرۇلۇش قىلىش ياكى باشقا ئالاھىدە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن شەھەر كۆكەرتىش يېرىنى ۋاقىتلىق ئىگىلىۋالغانلار، شۇ جايدىكى شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە ۋاقىتلىق يەر ئىشلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** شەھەردىكى يېشىللىق ئىچىدە سودا، مۇلازىمەت خاراكتېردىكى يايما ئېچىشتا، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارمىقى تەستىقلىغان تىجارەت كىنىشكىسىنى ئېلىشى، شەھەردىكى يېشىللىق باشقۇرۇش ئورنى بېكىتكەن جايدا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ھەمدە شەھەردىكى يېشىللىقنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ شەھەردىكى دەل ـ دەرەخلىرى، چىتلاقلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېسىشىگە، بۇزۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

شەھەردىكى دەل ـ دەرەخ، يېشىل چىتلاقنى كېسىشكە توغرا كەلسە، شەھەرنى كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، شۇ خىلدىكى دەرەخنى تولۇقلاپ تىكىش ياكى باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. تولۇقلاپ تىكىش تەدبىرىنى قوللانغاندا، تولۇقلاپ تىكىلىدىغان كۆچەتلەرنىڭ كۆكرەك ئېگىزلىكىدىكى دىيامېتىرى ئادەتتە 5 سانتىمېتىردىن كىچىك بولماسلىقى، تولۇقلاپ تىكىلىدىغان كۆچەتلەرنىڭ كۆكرەك ئېگىزلىكىدىكى دىيامېتىرى كۆلىمى يىغىندىسى كېسىلگەن كۆچەتلەرنىڭ كۆكرەك ئېگىزلىكىدىكى دىيامېتىرى كۆلىمى يىغىندىسىنىڭ 2 ـ 10 ھەسسىسىگە تەڭ بولۇشى ھەمدە تولۇقلاپ تىكىلىدىغان كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى تۈرۈبا لىنىيەسى بىخەتەرلىكىگە ياكى قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ نورمال ئىشلىتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ھەقىقەتەن پۇتاش

زۆرۇر بولسا، تۇرۇبا لىنىيەسى، قاتناش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشكە ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پىرىنسىپى بويىچە پۇتاش كېرەك.
پۇتاش خىراجىتىنى شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېنىق بەلگىلىگەنلىرىدىن باشقىلىرى تۆۋەندىكى پىرىنسىپلار بويىچە ئايرىم ئۈستىگە ئالىدۇ: ئالدى بىلەن دەل ـ دەرەخلەر تىكىلگەن، ئاندىن تۇرۇبا لىنىيەسى، ئەسلىھەلەر ئورنىتىلغان بولسا، خىراجەتنى تۇرۇبا لىنىيەسى، ئەسلىھەلەرنى باشقۇرغۇچى ئورۇن ئۈستىگە ئالىدۇ؛ ئاۋۋال تۇرۇبا لىنىيەسى، ئەسلىھەلەر ئورنىتىلغان، ئاندىن دەل ـ دەرەخلەر تىكىلگەن بولسا، خىراجەتنى دەل ـ دەرەخ ئىگىسى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تىكىلگەن ۋە تۇرۇبا لىنىيەسى، ئەسلىھەلەر ئورنىتىلغان ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىنى ئايرىغىلى بولمىسا، ئىككى تەرەپ ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ.

**19 ـ ماددا** ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ياكى شەخسلەرنىڭ ھويلىسىدىكى قەدىمىي، داڭلىق دەرەخلەرنى ئاسراشقا ئورۇنلار ياكى ئائىلە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە بەلگىلىك ئاسراش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نازارەت قىلىشقا ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

قەدىمىي، داڭلىق دەرەخلەرنى كېسىش ياكى كۆچۈرۈش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن قەدىمىي، داڭلىق دەرەخلەرنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە، شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش كېرەك.

**20 ـ ماددا** تۆۋەندىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ ۋە كۆكەرتىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋېتىش قىلمىشلىرى مەنئى قىلىنىدۇ:

1) گۈل ئۈزۈش، مېۋە ئۈزۈش، شاخ سۇندۇرۇش، دەل ـ دەرەخ قوۋزۇقىنى سويۇش، يىلتىزىنى كولاش، يامىشىش؛

2) دەرەخكە خەت ئويۇش، مىخ قېقىش، لاپاس ياساش، ئۇلاغلارنى باغلاش، ئارغامچا تارتىپ نەرسە ئېسىش، توك سىمى تارتىش، ئېلان تاختىسى، لوزۇنكا ئورنىتىش؛

3) چىملىق گۈللۈكى، چىتلىقنى بۇزۇۋېتىش؛

4) دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغا زىيانلىق ماددا تۆكۈش؛

5) يېشىللىقتا مال بېقىش، قۇم ـ تۇپا كولاش، نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇش، تاشلاندۇقلارنى قالايمىقان تۆكۈش، تاشلاش؛

6) قانۇن ـ نىزام، قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن باشقا زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشلىرى.

**21 ـ ماددا** بۇ چارىنىڭ 5 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 12 ـ ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە ياكى باشقا قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ؛

**22 ـ ماددا** ماقۇللۇقنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شەھەر يېشىللىقىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى ئىگىلىۋالغانلارنى شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇن بويىچە سۈرۈك ئىچىدە قايتۇرۇشقا، ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. تىجارەتتىن باشقا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن، شەخسكە 200 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ، ئورۇنغا 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ، لېكىن 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى يوقلىرىغا 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** شەھەردىكى يېشىللىق باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمىغان سودا، مۇلازىمەت يايمىلىرىغا شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇن ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، قوشۇمچە 200 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ. قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارمىقىغا قانۇن بويىچە بىكار قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**24 ـ ماددا** مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى شەھەر كۆكەرتىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇنلار زىيان سېلىشنى توختىتىشقا، ئوخشاش تۈردىكى دەل ـ دەرەخنى

تولۇقلاپ تىكىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ، تىجارەت پائالىيىتى بولمىغانلارغا 200 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ ، ئورۇنغا 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ تىجارەت پائالىيىتىدە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ، لېكىن 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى يوقلىرىغا 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك:

1) شەھەردىكى دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھلارنى بۇزۇۋەتكەنلەر؛

2) شەھەردىكى دەرەخلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كەسكەنلەر؛

3) قەدىمىي، داڭلىق دەرەخلەرنى كېسىش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كۆچۈرۈش ياكى قەستەن ياخشى ئاسرىماي، قەدىمىي، داڭلىق دەرەخلەرنى زەخىملەندۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈپ قويغانلار؛

4) شەھەر كۆكەرتىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋەتكەنلەر.

**25 - ماددا** ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدىكى بازارلارنىڭ شەھەر كۆكەرتىشنى باشقۇرۇشتا مۇشۇ چارە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**26 - ماددا** بۇ چارە 2020 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئېلان قىلىنغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 79 - نومۇرلۇق پەرمانى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەر كۆكەرتىش نىزامى› نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى» بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.